شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گازەتى
新疆日报

2019 - يىل 6 - ئاي
4
سەيشەنبە
维吾尔文 6月4日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57–1 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24716 - سان بۈگۈن 4 بەت

ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىك، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى قەتئىيلىكنىڭ ھەممىسى نەزەرىيە جەھەتتىكى قەتئىيلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئەھمىيەت بەردى.

«يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش تۈپ ۋەزىپىسنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك»،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىش يېشىل تەرەققىيات، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بەردى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويۇش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك، بايلىقنى تېجەپ ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك سەۋىيەسىنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى كېڭەيتىشتە ئاچقۇچ ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش، ئادەت يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتا. يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، خىزمەتنى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ چىڭ تۇتۇش كېرەك. كەڭ دائىرىدە تەربىيەلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تونۇتۇپ، ئۈنۈملۈك بولغان ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ھەممە كىشىنى قول سېلىپ ئىشلەيدىغان، بىرلىكتە تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدىغان، بىرلىكتە يېشىل تەرەققىيات، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايون «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىي بولۇشنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو سەپەرۋەرلىك قىلدى، سۈڭ يۈيىڭ سۆز قىلدى، شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركىزى 6 - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى سۈڭ يۈيىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارى سۈن جىنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بايرىقى روشەن ھالدا «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ باش تېمىسى قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا قارىتا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى پۈتۈن پارتىيەگە باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، بۇ، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنى ئېلان قىلدى


1949 — 2019
中华人民共和国成立70周年
The 70th Anniversary of the Founding of
The People's Republic of China

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنى ئېلان قىلدى.

پائالىيەت بەلگىسىدە رەقەم «70» بىلەن دۆلەت ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەت گېربىدىكى بەش يۇلتۇز ۋە تيەنئەنمېن لايىھەدىكى يادرولۇق ئامىل قىلىنىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ باش تېمىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. پائالىيەت بەلگىسىدە، «70» رەقىمى تارىخنىڭ يېڭى بىر بېتى ئېچىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ئۈنۈمىدە لايىھەلەنگەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ يېپيېڭى ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، جۇڭخۇا مىللىتى جاسارەت بىلەن يېڭى سەھەپە پۈتمەكتە، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «7» رەقەمنىڭ شەكلى يەنە بايرامدىكى رەڭلىك لېنتىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆرۈنۈش ئۈنۈمى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭلىك ئىستېرېئولۇق دۆلەت گېربىدىكى بەش يۇلتۇز ۋە تيەنئەنمېن چۆرۈلگەن يۇملاق شەكىل بىلەن قوشۇلۇپ، بىرى ھەرىكەتلىنىۋاتقان، بىرى تىنچ تۇرغاندەك ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن، ھەم قويۇق تارىخىي تۇيغۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھەم مۇھىم، زور بايرامنىڭ تەنتەنىلىك كەيپىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

پائالىيەت بەلگىسىنى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتى بۇيۇملىرىنى ياساشقا كەڭ دائىرىدە ئىشلەتسە بولىدۇ.

(«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنى ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈلۈشى» تەپسىلاتى 4- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئالاتاۋ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى (2018 - 2035 يىل)، باي كەسپىلەر باغچە رايونىنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى (2018 - 2030 يىل)، كورلا شاڭكۇ يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق كەسپىلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى (2017 - 2030 يىل)نى تەتقىق قىلدى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەھەر - بازار سىستېمىسى يىرىك پىلانى (2013 - 2030 يىل) قاتارلىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تۆت يىرىك پىلان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقى، مەنزىرە داغلىق رايونى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دائىرىسىدە ئەمەس، ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، يىرىك پىلاننىڭ مەزمۇنى ئالاقىدار ئۆلچەم - قائىدىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، تۆت يىرىك پىلانغا پىرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلىمىز.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار يىرىك پىلانغا ئاساسەن يولغا قويۇشنى قاتتىق باشقۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تەلىپىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلارمۇ تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نىزام خىزمىتى كۇرسى ئېچىلدى

تىرىشىپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نىزام - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نىزام خىزمىتى كۇرسى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە ئىچىدىكى نىزام - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك

(ئاخىرى 4- بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تارانقۇلىرى سىپى

天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا

—— مەركەزنىڭ 2- قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى

بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھات - تەرەققىيات يېڭى مېلودىيەسىنى ياڭرىتىش

> شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىپ، ئېگىزلىك، ئۇلۇغلۇق، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە كۈچىشى كېرەك.
>
> —— شى جىنپىڭ

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ياشلار ئارال جىبىلىيا شىنجاڭ شىنيۈ يىپەك يولى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىشلىمەكتە. نۆۋەتتە بۇ شىركەت قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 2200دىن كۆپرەك ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 112 نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

☐ **ۋاڭ جىجېك** فوتوسى

☐ مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن**

مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۈەننىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى —— شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىپ، ئېگىزلىك، ئۇلۇغلۇق، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە كۈچىشى كېرەك.

بەش يىلدىن بۇيان، بىڭتۈەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۈەننىڭ ئورنىنى بېكىتىش تەلىپىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە پۇختا قەدەم تاشلىدى: بۇ بەش يىلدا، بىڭتۈەن يېڭى بېكىتىلگەن ئورنىغا ئاساسەن مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى؛ بۇ بەش يىلدا، بىڭتۈەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ «تېزلىتىش كۇنۇپكىسى»نى باستى؛ بۇ بەش يىلدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شى، تۇەنلەر تەرەققىياتتا تېخىمۇ كۈچ بەردى، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك بولدى.

■ «مەن ۋەتەننىڭ قوغدىغۇچىسى بولىمەن»

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئادەم ئاياغ باسمايدىغان جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا لىنىيەسىدە، ما جۇنۋۇ 20 نەچچە مېتىر

(ئاخىرى 3- بەتتە)